مىللىتىمىز تۈرك دىنىمىز ئىسلام
ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان



# شەرقىي تۈركىستان ياشلىرى

ئايلىق سىياسىي گېزىت

1993- يىلى 5- ئاي ( 1- سان )

Doğu Türkistan Gençleri


# ئويغان !

## مۇستەقىللىقىمىز كۆز ئالدىمىزدا

**باش ماقالە**

دۇنيا مىقياسىدا، مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ ئومۇميۈزلۈك كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي ئەللەر ئارقا-ئارقىدىن مۇستەقىللىققە ئېرىشتى. ئەپسۇسكى، پۈتۈن تۈرك دۇنياسىدا [illegible] مىليوندىن ئارتۇق نوپۇسقا، 1 مىليون 848 مىڭ كۇۋادرات كىلومېتىر زېمىنغا ئىگە بۈيۈك ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان تېخىچە رەھىمسىز چىن ھۆكۈمىتىنىڭ ئاسارىتىدە ياشىماقتا. بۇ ھال؛ پۈتۈن تۈرك دۇنياسىدىكى تۈرك قېرىنداشلىرىمىزنى، شۇنداقلا پۈتۈن دۇنيادىكى مۇستەملىكىچىلىككە قارشى تۇرغۇچى، دېموكراتىيەنى، كىشىلىك ھوقۇقنى قوغدىغۇچى ئادالەتپەرۋەر خەلقلەرنى ناھايىتى ئېچىندۇرماقتا. شۇنىڭغا چىداپ تۇرغىلى بولمايدۇكى، قىزىل چىن ئىشغالىيىتىدىن كېيىن، چىن مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى قۇل قىلىش، ئېزىش سىياسىتى تېخىمۇ ۋەھشىيلەشتى، ۋاستىسى تېخىمۇ قەبىھلەشتى. قىزىل چىن مۇستەملىكىچىلىرى خەلقىمىز زىچ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا يادرو قوراللىرى ۋە خىمىيەۋى قوراللار سىنىقى ئېلىپ بېرىش، مىليونلىغان خىتاي كۆچمەنلىرىنى ۋەتىنىمىزگە مەجبۇرىي يەرلەشتۈرۈش، خەلقىمىز ئارىسىدا پىلانلىق تۇغۇتنى مەجبۇرلاپ يولغا قويۇش، تارىخىمىزنى خالىغانچە بۇرمىلاش، يوق قىلىش، مۇقەددەس ئىسلام دىنىمىزنى ۋە مىللىي ئۆرپ-ئادەتلىرىمىزنى دەپسەندە قىلىش ۋە ۋەتىنىمىزنىڭ بايلىقىنى خالىغانچە تالان-تاراج قىلىش

(داۋامى 2- بەتتە)

## ئەيسا ئەپەندىم شەرقىي تۈركىستان ياشلىرىدىن ئۈمىت كۈتمەكتە

ئۆز خەۋەرچىمىز: يېقىندا، ئۇلۇغ ئىنقىلابچىمىز ۋە بايراقدارىمىز ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن، ئىستانبۇلدا شەرقىي تۈركىستانلىق بىر قىسىم ياشلارنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا، تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: «چىن مۇستەملىكىچىلىرى تۈرلۈك ئاسسىمىلاتسىيە تەدبىرلىرىنى ئىشقا سېلىپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ۋە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مىڭ يىللىق شانلىق مەدەنىيىتىنى ئەل-تۈگۈس يوق قىلىشقا ئۇرۇنۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، بىزنىڭ خەلقىمىز، جۈملىدىن ياشلىرىمىز مىللىي غۇرۇرىنى ۋە مىللىي تىلىمىزنىڭ ئېگىنى يۈكسەك دەرىجىدە ئۈستۈرۈپ، مىللىي ئەخلاق، مىللىي ئەنئەنە ۋە مىللىي ئۆرپ-ئادەتلىرىمىزنى كۈچلۈك قوغداپ، بۇ ئاسسىمىلاتسىيەگە قارشى بىر مۇستەھكەم سېپىل قۇرۇپ چىقىشى لازىم.» (داۋامى 2- بەتتە)



ئەيسا ئەپەندىم تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ سابىق پىرېزىدېنتى مەرھۇم تۈرگۈت ئۆزال ۋە ھازىرقى پىرېزىدېنتى سۈلەيمان دېمىرەل بىلەن بىرگە.

## شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيى باياناتنامىسى

1992-يىلى 12-ئاينىڭ 12-كۈنىدىن 14-كۈنىگىچە تۈركىيەنىڭ ئىستانبۇل شەھىرىدە داغدۇغىلىق ئېچىلغان تۇنجى نۆۋەتلىك شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيى، شەرقىي تۈركىستان داۋاسى ئۈچۈن پەۋقۇلئاددە مۇھىم بولغان تۆۋەندىكى 12 تۈرلۈك قارارنى ماقۇللىدى: (داۋامى 4- بەتتە)






## شەرقىي تۈركىستان داۋاسى غەرب ئەللىرىدە جانلانماقتا

ئۆز خەۋەرچىمىز: گېرمانىيە، ئەنگلىيە، شۋېتسارىيە، گوللاندىيە قاتارلىق ياۋروپا ئەللىرىدە ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىنداشلار 1976-يىلدىن بۇيان، شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنى ياۋروپا، ئامېرىكا جامائەتچىلىكىگە ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى، شۇنداقلا باشقا خەلقئارالىق تەشكىلاتلارغا تونۇتۇش ئۈچۈن تىنىمسىز تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ كەلدى ۋە بۇ جەھەتتە خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.

ياۋروپادا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىنداشلىرىمىز، شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنى مۇنتىزىم ۋە ماسقەدەم بىلەن ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن 1990-يىلى 17-يانۋار، گېرمانىيەنىڭ ميۇنخېن شەھىرىدە، تەشكىلىي ئاپپاراتلىرى بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان، «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان مەدەنىيەت ۋە ياردەملىشىش ئۇيۇشمىسى»نى قۇرۇپ چىققانىدى. پائالىيەت دائىرىسىنى يەنە كېڭەيتىش ئۈچۈن، يېقىندا ئۇلار بۇ تەشكىلاتنىڭ نامىنى، «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستانلىقلار بىرلىكى»گە ئۆزگەرتتى. پېشقەدەم ئىنقىلابچىمىز ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىننىڭ چوڭ ئوغلى، پېشقەدەم سىياسىيون ۋە دىپلومات ئەركىن ئالپتېكىن بۇ تەشكىلاتنىڭ رەئىسلىكىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ كەلمەكتە.

«ياۋروپا شەرقىي تۈركىستانلىقلار بىرلىكى»، مەخسۇس كۈچ تەشكىللەپ 1985-يىلى ھىندىستاندا قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان - ئىچكى موڭغۇلىيە - تىبەت خەلقلىرىنىڭ (داۋامى 3- بەتتە)

# شەرقىي تۈركىستان داۋاسى دۇنيا سىياسىي سەھنىسىدە

## ئامېرىكادا ئېچىلغان ئوتتۇرا ئاسىيا يىغىنىدا

ئۆز خەۋىرىمىز: 5-قېتىملىق ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى قۇرۇلتىيى 1993-يىلى 15-ئاپرېلدىن 18-ئاپرېلغىچە، ئامېرىكىنىڭ مادىسون شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. شەرقىي تۈركىستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتىدا بەلگىلىك سىياسىي ۋە ئىژتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان بۇ قېتىمقى قۇرۇلتايغا، ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان ئىتتىپاقلار بىرلىكىنىڭ باش كاتىۋى ئۆمەر قانات تەكلىپكە ئاساسەن قاتناشتى. ئۆمەر قانات بۇ قېتىمقى قۇرۇلتايدا «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ مۇستەقىللىققا ئېرىشىشىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا بولغان تەسىرى» دېگەن تېمىدا بىر پارچە سىياسىي ۋە ئىلمىي دوكلات بەردى. قۇرۇلتاي جەريانىدا ئۆمەر قانات، ئامېرىكا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى سىياسىي پارتىيە رەھبەرلىرى بىلەن كۆپ تەرەپلىمە پىكىر ئالماشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ شەرقىي تۈركىستان داۋاسىغا بولغان ھېسداشلىقىنى قولغا كەلتۈردى.



سۈرەتتە: ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان ئىتتىپاقلار بىرلىكىنىڭ باش كاتىۋى ئۆمەر قانات 5-نۆۋەتلىك ئوتتۇرا ئاسىيا مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشقان بىر قىسىم ۋەكىللەر بىلەن بىرگە.

## قەيسەرىدە تۈركىستان كېچىلىكى

ئۆز خەۋىرىمىز: تۈركىيىنىڭ قەيسەرى شەھىرىدىكى «شەرقىي تۈركىستان مەدەنىيەت ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتى» 1993-يىلى 5-ئاينىڭ 22-كۈنى، شەرقىي تۈركىستان شېھىتلىرىنى خاتىرىلەش كېچىلىكى ئۆتكۈزدى. «ئاللاھىم ماڭا مۇئەركىملىك ئاتا قىل» دېگەن تەسىرلىك كېلىمىنى شۇئار قىلغان بۇ كېچىلىكتە شەرقىي تۈركىستانلىق بىر قىسىم ۋەتەنپەرۋەر زاتلىرىمىزنىڭ ۋەتەن دەۋاسى ھەققىدىكى مەخسۇس ئىلمىي دوكلاتلىرى ئوقۇپ ئۆتۈلدى. ئاخىرىدا، قەيسەرلىك قېرىنداشلىرىمىز ئۆزلىرى تەييارلىغان، بارىن دېھقانلار قوزغىلىڭى تېما قىلىنغان «بارىن قىرغىنى» ناملىق دراممىنى ئويناپ چىقىلدى. بارىن دېھقانلىرىنىڭ باتۇرانە قىياپىتى ۋە چىن بۈيۈك مىللەتچىلىرىنىڭ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ۋەھشىيلىكى كەۋدىلەندۈرۈلگەن بۇ تەسىرلىك دراممىنى كۆرگەن قەيسەرلىك قېرىنداشلىرىمىز كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئېلىشتى ۋە قۇرئاندىكى «ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنى ھەرگىزمۇ ئۆلۈك دېمەڭ. ياق، ئۇلار تىرىكتۇر، ئەمما سىز ئۇلارنى كۆرەلمەيسىز» دېگەن ئايەتلەرنى ئۈنلۈك ئاۋازدا ئوقۇپ، شەرقىي تۈركىستان شېھىتلىرىگە بولغان ئالىي ھۆرمىتى ۋە سېغىنىشىنى ئىزھار قىلىشتى.

## شەرقىي تۈركىستان "ئىگىسىز ئەمەس"

ئۆز خەۋىرىمىز: ئۇلۇغ ئىنقىلابچىمىز ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن 1992-يىلى 12-ئاينىڭ 22-كۈنى، تۈنجى نۆۋەتلىك شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيىنىڭ بىر قىسىم ۋەكىللىرىنى باشلاپ ئەنقەرەگە بېرىپ، تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ باش مىنىستىرى (ھازىرقى پرېزىدېنتى) سۇلايمان دەمىرەل بىلەن كۆرۈشكەندە، سۇلايمان دەمىرەل ۋەكىللەرگە، شەرقىي تۈركىستاننىڭ «ئىگىسىز ئەمەسلىكىنى» ئېيتقاننى ۋە شەرقىي تۈركىستانلىق مىڭلەرچە ئوقۇغۇچىنى ھەقسىز ئوقۇتۇپ بېرىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بەرگەنىدى. بۇنىڭغا ئاساسەن ھازىر، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرىدىن كەلگەن شەرقىي تۈركىستانلىق ئوقۇغۇچىلار ھەمدە ۋەتەندىن تۈرلۈك يوللار ئارقىلىق كەلگەن بىر قىسىم ياشلار تۈركىيەدىكى ئوقۇشىنى باشلىۋەتتى. پىشقان سىياسىيون مۇھەممەت رىزا بەكىن باشچىلىق قىلىۋاتقان ئىستانبۇلدىكى شەرقىي تۈركىستان ۋەخپى، بۇ بىر تۈركۈم ئوقۇغۇچىلارغا ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ئەتراپلىق ياردەم بېرىپ، ئۇلارنىڭ خاتىرجەم ئوقۇشى ئۈچۈن قولايلىق يارىتىپ بەرمەكتە. يېقىندا، ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن ئىستانبۇلدىكى بىر يىغىلىشتا، تۈركىيىنىڭ مائارىپ مىنىستىرى بىلەن كۆرۈشكەندە، مائارىپ مىنىستىرى شەرقىي تۈركىستانلىق ياشلارنى داۋاملىق تۈردە ھەقسىز ئوقۇتۇپ بېرىدىغانلىقى ھەققىدە قايتا-قايتا ۋەدە بەردى.

سۈرەتتىكى خەۋەر:
بۇ يىل 22-مارتتىن 24-مارتقىچە تۈركىيىنىڭ ئانتالىيە شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن تۈرك دۇنياسى بىرلىك ۋە ھەمكارلىق قۇرۇلتىيىغا، شەرقىي تۈركىستانغا ۋاكالىتەن ئەيسا ئەفەندىم باشچىلىقىدىكى بىر ۋەكىللەر ئۆمىكى قاتناشتى. بۇ قېتىمقى قۇرۇلتايدا ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ دەۋاسى ئۈچۈن پۈتۈن تۈرك دۇنياسىنىڭ ئورتاق ياردەم بېرىشى ھەققىدە مۇھىم قارارلار ئېلىندى. يىغىن جەريانىدا ئەيسا ئەفەندىم مۇھىم سۆز قىلدى.



## ئىستانبۇلدا بارىن شېھىتلىرى خاتىرىلەندى

ئۆز خەۋىرىمىز: تۈركىيەدىكى شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيى ئىجرائىيە كومىتېتى ۋە شەرقىي تۈركىستان ۋەخپىنىڭ تەشكىللەپ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن، 1993-يىلى 4-ئاپرېل كۈنى بارىن دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ يىللىقى ۋە بارىن شېھىتلىرىنى خاتىرىلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى.

خاتىرىلەش پائالىيىتىدە، شېھىتلەر روھى ئۈچۈن قۇرئان تامام قىلىندى ۋە قۇربان بولغان شېھىتلەر ھەققىدە مەخسۇس رەسىم كۆرگەزمىسى ئېچىلدى. بۇ رەسىم كۆرگەزمىسى تۈركىيەدىكى تۇرغۇنلىغان شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىنداشلىرىمىزنى چوڭقۇر تەسىرگە ئىگە قىلدى. شۇ كۈنى بۇ پائالىيەت توغرىسىدىكى خەۋەر ۋە بارىن ئىنقىلابىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى تونۇشتۇرۇلغان مەخسۇس بىر پارچە ماقالە، تۈركىيىنىڭ «زامان» گېزىتىدە ئېلان قىلىنىپ، تۈركىيە، ياۋروپا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرىدە كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى.

## ئەركىن ئالپتېكىن تېلېۋىزىيە ئېكرانىدا

ئۆز خەۋىرىمىز: ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان ئىتتىپاقلار بىرلىكىنىڭ رەئىسى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا ۋەكىلى بولمىغان مىللەتلەر تەشكىلاتىنىڭ رەئىسى، پىشقان سىياسىيون ئەركىن ئالپتېكىن، 1993-يىلى 5-ئاينىڭ 18-كۈنى، تۈركىيىنىڭ مەخسۇس ياۋروپا ۋە ئاسىياغا پروگرامما تارقىتىدىغان «ئاۋرو ئاسىيا» تېلېۋىزىيەسىدە سۆز قىلىپ، ياۋروپا ۋە ئاسىيا جامائەتچىلىكىگە، شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى تەرەققىيات ئەھۋالى ھەققىدە مەلۇمات بەردى. ئۇ، ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدىكى بىر قانچە دۆلەتلەرنىڭ ۋە بۇ دۆلەتلەردىكى پارلامېنت، ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرىنىڭ، شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى ئۈچۈن كۆپ كۈچ سەرپ قىلغانلىقىنى، چىن ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزۈۋاتقان كىشىلىك ھوقۇققا تاجاۋۇز قىلىش جەھەتتىكى قىلمىشلىرىنى تەكشۈرۈپ، مەخسۇس دوكلات تەييارلاپ تارقاتقانلىقىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەندىن كېيىن، خەلقئارا جامائەتچىلىكتىن، شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ ياردەم بېرىشىنى ۋە ئۇنى داۋاملىق قوللاشنى يەنىمۇ ئۈمىت قىلدى.

# نېمە ئۈچۈن غەرب دۇنياسى تەرەققىي قىلىپ ئىسلام دۇنياسى ئارقىدا قالدى؟

ھازىر غەرب دۇنياسى بىلەن ئىسلام دۇنياسى ئوتتۇرىسىدا غايەت زور پەرق مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. بۇنىڭدىكى روشەن پەرق شۇكى، غەرب دۇنياسى ئارقىغا زادى چېكىنمەيدىغان ئىرادە بىلەن، يەر يۈزىدىكى پۈتۈن باشقۇرۇش، سىياسەت، ھاكىمىيەتنى ئۆز ئىلكىگە ئالدى. يەر شارىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان پۈتۈن غەزىنىلەرنى ئىستىلا قىلىپ، پۈتۈن قۇۋۋەتلەرنى يالغۇز ئۆزلىرىنىڭ قولىغا ئالدى. ئىسلام دۇنياسى بولسا، ئەسىر كەبى سىياسىي ھاياتىدىن تامامەن مەھرۇم قالدى، ئۆز كىشىلىرىنى ئۆزلىرى ئىدارە قىلىشتىن ئاجىز قالدى، ئۆز ئۆيىدە، ئۆز ئىلكىدە، ئۆز ئىختىيارى بىلەن تەسەررۇپ قىلىش ھوقۇقلىرىدىن مەنئى قىلىندى. داشقالغا ئوخشاش ھەر يەردە باشقىلارنىڭ ئايىغى ئاستىدا قالدى. بۇنداق روشەن پەرقنىڭ ئەلۋەتتە سەۋەبى بار. ئاساسلىق سەۋەب شۇكى، 16-ئەسىردە، گېرمانىيەدە باشلانغان ئىسلاھات ھەرىكىتىدە، غەربلىكلەرنىڭ ئەقىل پىكرى روھانىيەت زەنجىرىدىن، روھانىيلار قولىدىكى ئەسىرلىكتىن ئازات بولدى. مائارىپتا زەپەر قۇچتى. كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا، ئەقىل-ئىدراك ئۆزىنىڭ باشقۇرۇشىغا، ئىستىقلالىغا، نوپۇزىغا نائىل بولدى. بۇنىڭ بىلەن، مەۋجۇت دۇنيانىڭ چەكسىز زېمىنىدا، ئىنسانلارنىڭ ئەقلى تېز ھەرىكەتكە كېلىپ، تەبىئەتتىكى غەزىنىلەرنى، سىرلارنى ئېچىشقا باشلىدى. كاتولىكلارنىڭ قولىدىن كىشىلەرنىڭ ھەممە ئىلمىي قۇۋۋەتلىرى قۇتۇلۇپ، ئۇلار ئىلىم يولىدا داۋاملىق بىلەن ھەرىكەت قىلىدىغان بولدى. ئەقىل-ئىدراكنىڭ چىركاۋ ئاسارىتىدىن ئازات بولۇشى بىلەن، غەرب دۇنياسى تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى. بۇ دەۋرلەردە، ئىسلام مەدرىسلىرى ئىلمى كالام كىتابلىرىنىڭ ھاشىيەلىرىنى مۇتالىئە قىلىش بىلەن مەشغۇل ئىدى. ئىنسانلار مەتىن، شەرھى، ھاشىيە يېزىش ھەۋىسى بىلەن مۇپتىلا ۋە مەغرۇر ئىدى. ئۇ چاغدا ئىسلامىيەت دۇنياسىدا، ئىنسانى ئىسلامنىڭ ئەقىل-ئىدرىكى، ئىسلام قانۇنشۇناسلىرىنىڭ ۋە مەغرۇر كالامچىلارنىڭ قوللىرىدا تۇتقۇن ئىدى. ئۇلار ئىنسانلارنىڭ زېھنىنى ئىستىلا قىلغاچقا، ئىنسانلارنىڭ روھى دۇنياسى جانسىز، ھەرىكەتسىز ئىدى. دېمەك، ئەقىل ئىدراكنىڭ ئازات بولۇشى تۈپەيلىدىن غەرب دۇنياسى تەرەققىي قىلدى، ئەقىل-ئىدراكنىڭ تۇتقۇنلۇق شۇملۇقى بىلەن ئىسلامىيەت دۇنياسى ئارقىدا قالدى. ئىسلامىيەتكە خاس بولمىغان، دەرۋىشلەر تەرىپىدىن ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان بۇزۇق پىكىر-ئەقىدىلەر ھەم ۋەز-نەسىھەتلەر، بەختما ئادەتنىڭ يوق بولۇشىنى خالايدىغان زاھىدلىق نەزەرىيەلىرى، ئىنسانلارغا شەيتانلىق تەسىر كۆرسىتىدىغان سوپىلىق پەلسەپەلىرى، ئەھلى ئىسلامنىڭ ئەقىل ئىدرىكىگە، قەلبىگە تەسىر كۆرسەتتى، بۇنىڭ بىلەن ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئەقلى ۋە جىسمى بوش قالدى. بۇمۇ ئىسلام دۇنياسى بىلەن غەرب دۇنياسى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ چوڭىيىشىغا سەۋەبچى بولدى. بۇنىڭ بىلەن غەرب دۇنياسى ھۆكۈمران ئورۇنغا چىقتى، ئىسلام دۇنياسى خارلىق ئاسارىتىگە چۈشتى. كالامچىلارنىڭ جىدەللىرى بىلەن زەھەرلەنگەن قەلبلەرگە قاپارغان يۈرەكلەرگە بويسۇنۇش، بۇزۇلۇش، چوقۇنۇشتەك ئازاپ ۋە ۋەھشىلىكلەر ئامانسىز سىڭىپ كىردى. كالامچىلار دىن نامى بىلەن بۇ ۋەھشىيلەرنى ئىسلام دۇنياسىغا قوبۇل قىلدۇردى. دىن نامى بىلەن يەرلەشكەن ئايەتلەر پاك قەلبلەرگە ئۆز تامغىسىنى باستى. بۇنىڭ بىلەن ئەھلى ئىسلامنىڭ ئەقىل ئىدرىكى شۇنداقلا ھەممە قۇۋۋىتى ئاسارەت ئىچىدە قالدى. بۇ ئاسارەتلەر، ھەممە پىتنە-پاساتلارنىڭ ۋە بالا-قازالارنىڭ سەۋەبى بولدى. ئاسارەتتىن قۇتۇلۇش غالىب يولغا مېڭىشنىڭ چارىسىدۇر. ئەقىل، ئىرادە نىجاتلىق بولمايدىكەن، باشقا چارىلەرنىڭ ھەممىسى پايدىسىز ۋە نەتىجىسىزدۇر.

غەرب دۇنياسىدا، ياخشى-يامان ئىشلارنىڭ ھەممىسى بار. بىز ھەرجەھەتتىن زەئىپ بولۇپ غەرب دۇنياسىنىڭ ئايرىم ئويۇتلىرىدىغا، رەزىللىكلىرىگە ئەگىشىدىغان بولماق، غەربتىكى كوتىدىن-كۆتكە ئارتىپ بېرىۋاتقان جىنايەتلەرنىڭ، رەزىللىكلەرنىڭ سەۋەبلىرىگە كۆز يۇمىدىغان بولماق، بۇ ئەھۋال بىزنىڭ ئىستىقبالىمىزنى خۇرەن قىلمايدۇ. بىز غەرب دۇنياسىدىن ئىلىم-پەن، مائارىپ ئەت قاتارلىق ھەممە ھاجەتلىرىمىزنى پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن تالاپ ئىشلىتىپ، پەرزەنتلىرىمىزنى دېھقانچىلىق، تىجارەت ئىش ھەرىكەت روھى بىلەن تەربىيىلىشىمىز تولىمۇ زۆرۈر.

# ئىسلام دۇنياسىدىن بىزگە دەستەك

(دۇنيا ئىسلام تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپى، دوكتور ئابدۇللا بىن ئۆمەر نەسىف ئالىلىرىنىڭ 1992-يىلى 12-ئاينىڭ 14-كۈنى ئىستانبۇلدا چاقىرىلغان تۈركچە تىللىق شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيىغا يازغان تەبرىك خېتىنىڭ قىسقارتىلمىسى)

جانابى ئاللاھ قۇرئانى كەرىمدە، « ئاللاھنىڭ ئەتراپىغا توپلىشىڭلار، ھېچ ئايرىلماڭلار » ، « بىر-بىرىڭلار بىلەن ياخشى تىپىشتە ئىتتىپاق قىلىشىپ قۇۋۋەتلىنىڭلار » دەپ بۇيرىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن، قۇرۇلتايغا قاتناشقان قېرىنداشلىرىمغا شۇ توختىنى خاتىرلىتىمەنكى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز-ئارا ئىتتىپاق قىلىشى، روھى بىرلىكى ۋە كۈچ بىرلىكى، پۈتۈن ئىشلىرىمىزدا غەلىبە قىلىشىمىزنىڭ، مۇۋاپىقىيەت قازىنىشىمىزنىڭ ئالدىنقى شەرتى.

قۇرۇلتايغا قاتناشقان ۋەكىللەرگە شۇ توختىنى تەكرارلايمەنكى، كوممۇنىستىك رېجىمنىڭ ئىسلامىيەتكە قارشى ئېلىپ بارغان يوق قىلىش سىياسىتىگە، مىللىي ۋە مەدەنىي ئاسسىمىلاتسىيەگە، ئۆزىمىزنى مۇداپىئە قىلىدىغان بىردىن بىر يولىمىز، ئىسلام ئەقىدىسى بىلەن قوراللانماق ۋە بۇ يولنى چىڭ تۇتماقتۇر. مۇسۇلمانلار پەقەت ۋە پەقەت ئىسلامىيەتنى ۋە توغرا بولغان يولنى تۇتقاندىلا، ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن قىلغان ئىشلىرى مۇۋاپىقىيەتكە ئېرىشىدۇ.

ئەڭ ئاخىرىدا، مەن سىلەرگە شۇنداق كاپالەت قىلىمەنكى، قۇرۇلغاندىن بېرى دۇنيادا ئىسلامىيەتنىڭ غالىبىيىتى ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان خەلقئارا ئىسلام تەشكىلاتى، ئۆز نۆۋىتىدە زۇلۇم ئاستىدا ئىڭراۋاتقان شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ دۇنيانىڭ ھەر قانداق يېرىدە، ئۆزلىرىنىڭ ھەق ھوقۇقىنى قوغداش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ھەقلىق كۈرەشلىرىگە ھەر تۈرلۈك ياردەم قىلىدۇ ۋە يېقىندىن ياردەملىشىدۇ.

جانابى ئاللاھ ھەر بىرىمىزنىڭ ئىسلامىيەت ۋە مۇسۇلمانلىق ئۈچۈن قىلغان ھەر بىر خىزمەتلىرىمىزگە مۇۋاپىقىيەت ئاتا قىلغاي (ئامىن).

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەركاتۇھ.



ئاللاھ! بىزگە ھۆرلۈك ئاتا قىلغىن!